# 11233 - خەلقئارا ئەدلىيە سوتىغا ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنۇش

## سوئال

مەسىلىلەرنى خەلقئارا ئەدلىيە سوتىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنۇشنىڭ ھۆكمى نىمە ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە

ئاللاھقا بولسۇن .

قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىبارەت توغرا ئىسپاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، بارلىق مۇسۇلمانلار شەخسلەر ۋە جامائەتلەر بولسۇن ، ياكى ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتلەر بولسۇن ئارىسىدا يۈزبەرگەن ھەرقانداق ئىختىلاپلار ياكى جىدەل-ماجرالارنى ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنىشى ، ھەمدە ئۇنىڭغا بويسۇنىشى ۋە ئۇنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم .بۇ ئوچۇق دەلىللەرنىڭ ئىچىدىكى ئايەتلەر بولسا :

**« (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ »** [ ئايالار : 65]

**« ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللّٰه غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللّٰه دىنمۇ ئادىل كىم بار »** [ داستىخان : 50 ]

**« ئى مۆمىنلەر! اللّٰه غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللّٰه غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللّٰه غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللّٰه نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر »**

[ ئايالالار : 59 ]

**« سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا اللّٰه ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ اللّٰه مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه غا**

**مۇراجىئەت قىلمەن »** [ كېڭىشىش : 10 ]
بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن .
بۇ ئايەتلەردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى ، مۇسۇلمان سىۈنئىي قانۇنلارغا ، ياكى
شەرىئەتكە زىت كېلىدىغان قەبىلە قائىدە-تۈزۈملىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ .

بۇ مەسىلە توغرىسىدا مىنىڭ بارلىق ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا سەممى
نەسىھىتىم - ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئىختىلاپلار يۈزبەرگەنلىكى ۋە ھىلىمۇ
داۋاملىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن - ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى بايلىق، ھەق-ھوقۇق ، سىياسى
چىگرالار قاتارلىقلار ھەققىدىكى بۇ ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قايتىپ
كىلىشكە تىگىشلىك بىردىنبىر يول - ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇش .
ھەمدە بۇ بىلىم ، چۈشىنىش ، ئادىللىق ۋە تەقۋالىقتا ھەممە رازى بولىدىغان ،
ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرەلەيدىغان ئاندىن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ
بۇيرىغىنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان شەرىئەت ئالىملىرىدىن تەركىپ تاپقان شەرىئەت
سوتى ياكى بىر كومىتىت تەشكىللەش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ .ئۇلار شۇنى تونۇشى
كىرەككى ،ئۇلارنىڭ خەلقئارا ئەدلىيە سوتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غەيرى ئىسلام
تەشكىلاتلىرىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئارقىلىق يۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئىشلار ئاللاھنىڭ
قانۇنىدىن باشقا قانۇنلارغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ماۋزۇسى دائىرىسىگە كىرىدۇ ، ھەمدە ئۇ
قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ياكى ئۇنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىلولارغا
ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .ئۇلار ئۇنى قىلىشتىن ساقلىنىشى كىرەك ؛ ئۇلار ئاللاھتىن
قورقسۇن ھەمدە ئۇنىڭ قانۇن-نىزاملىرىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان جازاغا
دىققەت قىلسۇن . ئاللاھ دەيدۇ :
**« كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز)
بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»** (124). ئۇ: **«ئى
پەرۋەردىگارىم!نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ
كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟»** دەيدۇ (125). اللّٰه ئېيتىدۇ: **«شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز
كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»** » [تاھا
: 124-126 ]
**« ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ
(ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ اللّٰه
ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر**

**ئۇلار اللّٰہ ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى،**
**ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللّٰہ ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك-**
**شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش**
**تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر) (49). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ**
**ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللّٰہ غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللّٰہ**
**دىنمۇ ئادىل كىم بار »** [ داستىخان : 49-50 ]
بۇ ئوخشاش مەنىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر نۇرغۇن ، ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ
ئەلچىسىگە بويسۇنۇشنىڭ بۇ ھاياتتا بەخت تېپىش ، ئاخىرەتتە نېئمەتلىنىشكە سەۋەب
بولىدىغانلىقىنى ، ھەمدە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنماسلىق ، ئاللاھنىڭ ئەسكەرتىشىدىن
ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن يۈز ئۆرۈش بۇ ھاياتتا شور پېشانىلىك ۋە جاپالىق تۇرمۇشقا
، ئاخىرەتتە ئازاپقا سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى كۆچەيتىدۇ .ئاللاھتىن ھەممەيلەننى
ھەققەتكە يېتەكلىشىنى ، بىزنى چىدامچان قىلىشىنى ، ئىشلىرىمىزنى جايىغا چۈشۈرۈپ
بېرىشىنى ھەمدە بىزنىڭ دىنيي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىمىزغا ياخشى بولىدىغان بارلىق
ئىشلارنى قىلىشىمىزغا ياردەم قىلىشىنى سورايمىز .ئۇ ھەممەيلەننى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ
ئەلچىسىنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلسۇن ، چۈنكى ئۇ ئەڭ مەرد ۋە مېھرىبان .
ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ،
ھەمراھلىرىنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .
ھۆرمەتلىك پېشىۋا يىتۈك ئالىم ئابدۇل ئەزىز بىن باز (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم
قىلسۇن ) نىڭ تۈرلۈك ماقالىلار ۋە فەتىۋالار توپلىمى 5.ب تىن ئېلىندى .